# يېشىللىق ئىدىيەسى، يېشىللىق ھەركىتى ھاللىق جەمئىيەت ئاساسىي رەڭگىنى يېشىل تۈسكە كىرگۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇنىڭ سەۋەبى، فۇفېڭ بىيو پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن يېشىل ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە نىسبەتەن ماسلاشقان بىللە ئۆتۈش ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىپ، قوناقنى پىششىقلاپ بىيو پىششىقلاپ ئىشلەنگەن... بىيو پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئامىنو كىسلاتاسىغا ئايلاندۇرۇپ، چىقىرىندىلارنى ئېچىتىپ بىيو ئورگانىك ئوغۇتقا ئايلاندۇرۇپ، قوناق خام ماتېرىيالىنى «تولۇق ئىستېمال قىلدى».

بۇ شىركەتنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە شىركىتىمىز كىچىك تۈردىكى ئامىنو كىسلاتاسى، مىكرو ئورگانىزملىق پولساخارىد ئاساس قىلىنغان مەھسۇلات زەنجىرىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى - بىيوياسىمچىلىق - كىچىك تۈردىكى ئامىنو كىسلاتاسى، مىكرو ئورگانىزملىق پولساخارىد ھەم ئوغۇت - دېھقانچىلىق»تىن ئىبارەت ئايلانما ئىقتىساد تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى، مەھسۇلاتلىرىمىز پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلدى.

كارخانىلارنىڭ يېشىل تېپ ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى ئېنېرگىيە، بايلىقتىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشتى، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىشنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. 2018 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدى بىلەن ئۆلكە دەرىجىلىك يېشىل ياسىمچىلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، نۆۋەتتە سىناق قىلىش، ئۈلگىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ يېشىل تەرەققىي قىلىش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملىشىغا تۈرتكە بولۇپ، 258 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر ئېنېرگىيەسى تېجەشنى، 4 مىليون 970 مىڭ توننا سۇ تېجەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت دەرىجىلىك باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن يېشىل زاۋۇت 34كە يېتىپ، سان جەھەتتە ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكىلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. بۇنىڭ ئارقىسىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش ئىرادىسى ۋە ئىرىشچانلىقى بار.

بۇ يىل 5 - ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىز «2020 - يىللىق ئاپتونوم رايونىنىڭ سانائەت يېشىل تەرەققىياتى ھەرىكەت لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ يولغا قويۇپ، يېشىل لايىھەلەش، يېشىل تېخنىكا ۋە ھۈنەر - سەنئەت، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، يېشىل باشقۇرۇش، يېشىل تەمىنلەش زەنجىرى تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، يېشىل تەرەققىياتنى مەھسۇلاتنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىيلىكىگە سىڭدۈرۈپ، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغان، ھەم ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغان يېشىل تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

### يېشىل تىپ ئۆزگەرتىش: يېڭى بوشلۇقنى تەرەققىي قىلدۇردى

بىرنەچچە مو سۇلۇق ئېتىزدا راك بىلەن كۆكتات بىللە ئۆسۈپ يېتىلدۇ. ئاقتۇ ناھىيەسى شىنشىن شىياۋ ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىك كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى بىلەن سۇلۇق يەر ئاغدۇرۇپ تېرىقچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئەسلىدىكى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئىلمىي ئېكولوگىيەلىك لايىھەلەش ئارقىلىق ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى.

«يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئېچىتىدىغان بىيوباكتېرىيە ئارقىلىق سۇنىڭ كىسلاتالىق - ئىشقارلىق دەرىجىسىنى تەڭشەپ، جياۋبەي تېرىپ سۇنى ساپلاشتۇرۇپ، ئېتىزدا شياۋلۇڭشيا بېقىپ ئۇنىڭغا ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يېگۈزىمىز، قىغلىرى جياۋبەي ئېتىزىدىكى ئوغۇتنى كۆپەيتىدۇ.» بۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپنىڭ مەسئۇلى چېن جۈجۈەن مۇنداق چۈشەندۈردى: بۇنداق دەۋرىيلەشتۈرگەندە راك بىلەن كۆكتاتلارنى بىللە ئۆسۈپ يېتىلدۈرگىلى، باقمىچىلىق تاشلاندۇقلىرىنى زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى دەۋرىيلەشتۈرۈش، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېشىل بايلىقنى كۈچەپ جانلاندۇرغانلىقىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىش يولىدا قەتئىي مېڭىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قوش پايدىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھاللىق جەمئىيەتكە يۈرۈش قىلىش يولىدا ماڭغانسېرى ئىشەنچكە تولدى.

«باش ئەتىيازدا شاخ - شۇمبىلار كۆيدۈرۈلىدۇ، ھەممە يەرنى ئىس - تۈتەك، كۈل قاپلاپ كېتىدۇ.» ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىق خىزمىتى موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ خۇسۇڭتۇ خارسۇن موڭغۇل يېزىسىدىكى دېھقان جېڭ يۈمىننىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە. ھالبۇكى بۇ بىرنەچچە يىلدا، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى يېزىلاردىكى شاخ - شۇمبىلاردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ۋە تاشلاندۇق سولياۋ يىغىۋېلىش، دېھقانچىلىق دورىسى بوتۇلكىلىرىنى يىغىۋېلىشنى كۈچەيتتى. ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى قالاق، بۇلغىشى ئېغىر تۈرلەرنى قەتئىي شاللىۋەتتى ۋە ئەمەلدىن قالدۇردى. ئورگانىك خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېشىل يېمەكلىك پىششىقلاش كارخانىلىرىنى كىرگۈزۈشنىڭ ھەممىسى يېشىل تەرەققىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى.

سانائەت كېرەكسىز سۈيىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىشتىن دەۋرىي پايدىلىنىشقىچە، سۇ بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى ئومۇميۈزلۈك كىرگۈزۈشتىن ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئېچىشقىچە، دېلەن سۇچىلىق تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سانائەت باغچە رايونلىرى ۋە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كۆپ ساھەدىكى سۇ بۇلغىنىشىنى تۈزەش ھەم سۇ بايلىقىدىن قايتا پايدىلىنىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

«شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى تەمىناتى بىلەن سانائەت ئەندىزىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك، بىز سۇ بۇلغىنىشنى تۈزەشكە كۈچ چىقىرىپ، پاسكىنا سۇنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىشتىن دەۋرىيلىك پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشقا كارخانىلارنىڭ يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئېلىپ كەلدۇق.» بۇ شىركەتنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە، كارخانىمىز شىنجاڭدىكى نۇرغۇن كارخانىنى سانائەت كېرەكسىز سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، ئالاقىدار ساھەلەردىكى جەمئىي 12 باغچە رايونىدىكى خېرىدارلارنى يېشىل ياسىمچىلىق سىستېمىسى بويىچە ھەل قىلىش لايىھەسى بىلەن تەمىنلىدى، سانائەت باغچە رايونىدىكى كارخانىلارنىڭ سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق كۆرسەتكۈچنى %50تىن %100كىچە ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى.

يېڭىلىق يارىتىش سىياسىتىنى تۈزۈش، سانائەت رايونى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش، مۇھىم، زور تۈرلەرنى باشلاش، پەن - تېخنىكا، پۇل مۇئامىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سۈپا قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق، «قەپەسنى بوشىتىپ قۇشنى ئالماشتۇرۇش» ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىز ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەردە ئۈنۈم ھاسىل قىلماقتا.

### يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق بولۇش: تۇرمۇشتىكى يېڭى مودىغا ئايلاندى

باش شۈجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بىز ئاددىي، مۇۋاپىق، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

«گۈرۈچ، كۆكتات يۇيغان سۇنى يىغىپ گۈللەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ، ھاۋا تەڭشىگۈچنى 24 سائەت ئېچىپ قويۇش ھاجەتسىز، كىيمەيدىغان كىيىملەرنى ئۇلتۇراق رايونىدىكى كونا كىيىملەرنى يىغىۋېلىش ساندۇقىغا سېلىپ قويسا بولىدۇ...» بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشتا تەشۋىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ‹يېشىل پرىنسىپ›.» ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى سۇڭ شاۋخۇڭ ئېنېرگىيە تېجەش كەسىپ ئەھلى بولۇپ، تۇرمۇشتىكى يېشىل ھەرىكەتكە نىسبەتەن زور تەسىراتقا ئىگە.

يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق بولۇش يېڭى سۆزلۈك ئەمەس، نۇرغۇن كىشى «يېشىل»نى تۇرمۇشىغا سىڭدۈردى. «ئىسراپ قىلماسلىق ھەرىكىتى» تېجەشلىك بولۇشتا مودىغا ئايلاندى، ھەمبەھرە ئىقتىساد بايلىق تېجەشكە تۈرتكە بولدى، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش ھاسىلىي بايلىقنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتتى...

يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق بولۇش كۈندىلىك تۇرمۇشتىلا ئەمەس، يەنە ياشاش مۇھىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بەخت يولىدىكى «شىڭفۇباۋ پاسسىپ سەرپىياتلىق ئىمارەت» كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئېنېرگىيە تېجەش ئۈنۈمى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى ئازادىلىك دەرىجىسى بىلەن ئالقىشقا ئېرىشتى.

بۇ ئىمارەت ئۆز قۇرۇلمىسى ئارقىلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىسسىقلىق ساقلاش، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەسلىكتەك ئىقتىدارنى ھازىرلايدۇ ھەم قۇياش ئېنېرگىيەسى ۋە ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىشىدىن پايدىلىنىپ ئۆينى ئىسسىقلىق مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئېنېرگىيەنى ئاز ئىشلىتىدۇ ياكى ئىشلەتمەيدۇ، ھەر يىلى ھەر كۋادرات مېتىرغا سەرپ قىلىنىدىغان تەبىئىي گاز ئۈچ كۇب مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، بۇ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئادەتتىكى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان قۇرۇلۇش سەرپىيات مىقدارىنىڭ ئاران ئۈچتىن بىر قىسمىغىلا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىدىن سېلىنىدىغان تۇرالغۇلاردا %75 ئېنېرگىيە تېجەش قۇرۇلۇش لايىھە ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن، پاسسىپ سەرپىياتلىق ئىمارەتلەرنى نۇقتىدا سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئامىۋى ئاپپاراتلار پائال تۈردە يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، مۇھىت ئاسرايدىغان، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىنى تەشۋىق قىلدى، تەشەببۇس قىلدى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئېنېرگىيە ئۈنۈمى باشلامچىلىرىدىن ئالتىنى، دۆلەت دەرىجىلىك تېجەشچان ئامىۋى ئاپپارات ئۈلگە كۆرسىتىش ئورنىدىن 36نى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېجەشچان ئامىۋى ئاپپارات ئۈلگە كۆرسىتىش ئورنىدىن 243نى بەرپا قىلدى.

ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش، ئەمەلىيەت بولغاچقا، ئاپتونوم رايونىمىز مول ھەم جانلىق بولغان يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى ئارقىلىق يېشىل ھاللىق سەۋىيە نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

# ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى كۈندە ئۈچ قېتىم ئۆلچەش ئىنتايىن زۆرۈر

**مۇتەخەسسىسنىڭ چۈشەندۈرۈشى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۇنخۇا، لى چۇنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: ھازىر مەھەللىلەر ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى كۈندە ئۈچ قېتىم ئۆلچەيدۇ، بۇنداق قىلىش زۆرۈرمۇ؟ 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن گوشىن مۇنداق تونۇشتۇردى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن ئادەم بەدىنىدە كۆرۈلىدىغان مۇھىم ئىپادە سىجىل قىزىش ھەم يۆتىلىش، دېمى سىقىلىش، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى قوشۇلۇپ كېلىشتۇر، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىش يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنى بايقاشتىكى ئەڭ ئاددىي بىۋاستە بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ، كۈندە ئۈچ قېتىم بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ناھايىتى زۆرۈر.

مېدىتسىنادا ئادەم بەدىنىنىڭ نورمال تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 36.5 سېلسىيە گرادۇستىن 37.2 سېلسىيە گرادۇسقىچە بولىدۇ، لېكىن ھەربىر ئادەمنىڭ ئاساسىي بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بولمايدۇ، نورمال ئادەمنىڭ ئوخشاش بىر كۈن ئىچىدە چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىنكى بەدەن تېمپېراتۇرىسىدىمۇ پەرق بولىدۇ. شۇڭا بىلەن بىللە، ھەربىر ئادەمنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىغا بولغان سەزگۈرلۈك دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلەرنىڭ چىدامچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك، بەزىلەرنىڭ بىرقەدەر ئاجىز بولىدۇ. ئەگەر كۈندە پەقەت بىر قېتىملا تېمپېراتۇرا ئۆلچىگەندە، ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا توغرا ئىگىلىگىلى بولمايدۇ.

مېدىتسىنادا 37.3 سېلسىيە گرادۇس ئادەم بەدىنىنىڭ قىزىشىدىكى كىرىتىك چەك دەپ قارىلىدۇ، ئادەم بەدىنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 37.3 سېلسىيە گرادۇسقا يەتكەندە بىنورمال بەدەن تېمپېراتۇرىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ ئاساستا، قىزىش يەنە تېمپېراتۇرا ئارىلىقىغا ئاساسەن تۆۋەن قىزىتما، ئوتتۇرا ھال قىزىتما، يۇقىرى قىزىتما، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى قىزىتما دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ، شۇڭا، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى كۈندە ئۈچ قېتىم ئۆلچىگەندە ئاھالىلەرنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تېخىمۇ ھەققىي كۆزىتىپ تەكشۈرگىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، قىزىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللەر ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، ئادەتتىكى زۇكام، ئادەتتىكى باكتېرىيەلىك ئۆپكە ياللۇغى، ئۈچەي يولى يۇقۇملىنىش قاتارلىق كېسەللەرمۇ قىزىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇدا، كۆپ قېتىم بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاندىن بەدەن تېمپېراتۇرىسى بىنورمال ئاھالىلەرنى ۋاقتىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرگىلى ۋە دىياگنوز قويغىلى بولىدۇ.

مەھەللە خىزمەتچىلىرى، پىدائىيلار ئۆيىگە بېرىپ ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگەندە، ماسكا تاقىشى، مۇداپىئە كىيىمى كىيىشى ھەم دېزىنفېكسىيەلەش پۇركۈمىسى ئېلىپ، ئاھالىلەر بىلەن بىر مېتىر ئارىلىق ساقلاپ، تېگىشمەيدىغان تېرمومېتىر ئارقىلىق ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىشى كېرەك. بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ بولۇپ، ئاھالىلەر ئىشىكنى تاقىغاندىن كېيىن، تېگىشمەيدىغان تېرمومېتىرنى دېزىنفېكسىيە قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەر يۈزىنى دېزىنفېكسىيە قىلغاندىن كېيىن، كېيىنكى بىر ئائىلىدىكىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشتىن ئەڭ زور چەكتە ساقلىنىشى كېرەك.

«شەھەر ئاھالىلىرى بەدەن تېمپېراتۇرىسىدا نورمالسىزلىق كۆرۈلگەن ھامان مەھەللىگە ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك، بىز ئىلمىي پەرقلەندۈرۈپ ۋە ھۆكۈم قىلىپ، زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىمىز، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھەر كۈنلۈك بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش خىزمىتىگە پائال ماسلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى ۋېن گوشىن.

# دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى جەمئىي 500دىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە 39، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يۇقۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاغرىق مىسالى بىر، بىكىتۈەندە بىر؛ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئۈچ يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 425، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 108، جەمئىي 533.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لىي ۋېي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 500دىن ئاشتى. دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلارنىڭ چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەربىر ئېغىز رەھمىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بوشىماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىگە بولغان مىننەتدارلىقى، ھەمدە دوختۇر - سېسترالارنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇپ، داۋالاپ، ئاغرىقلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە، كۆيۈنگەنلىكىگە بولغان رەھمەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. بۇ ئىللىق سۆزلەر بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق دوختۇر - سېسترالارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى، بىز قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى سىجىل كۆڭۈل قويۇپ، كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، كىرىچنى چىڭىتىپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن قەدىسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىمىز.

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىدىغان ئالاھىدە كىشىلەر تۈپى ئۈچۈن يېشىل يول ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقىرىقى خادىملار مەھەللىلىرىدىكى ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلار ئارقىلىق تۇرۇشلۇق مەھەللىسىگە نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىلتىماسىنى سۇنسا بولىدۇ. مەھەللە ھەر كۈنى خادىملارنىڭ ئۇچۇرىنى ياخشى ئىستاتىستىكا قىلىدۇ، رايون(ناھىيە)لۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى جەملىگەندىن كېيىن، ۋاقتىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا يوللايدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى ياكى ئىقتىدارى بار باشقا رايون(ناھىيە)لۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى ھەم تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، رايون(ناھىيە)نىڭ دوكلاتنى تاپشۇرۇۋېلىپ 24 سائەت ئىچىدە، كەسپىي دوختۇر - سېسترالارنى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئەۋرىشكە ئېلىشقا تەشكىللەيدۇ؛ تەكشۈرۈش تەرتىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى قېلىپلاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، 24 سائەت ئىچىدە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى چىقىرىپ رايون(ناھىيە)لۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىغا تاپشۇرىدۇ، ئاندىن مەھەللە ئارقىلىق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئىلتىماس قىلغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىراجىتىنى ئۈرۈمچى شەھىرى مالىيەسى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى خادىملاردا ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە نورمالسىزلىق بايقالمىغان بولسا، ئۇلار مەھەللە ئارقىلىق رايون(ناھىيە)لۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىگە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، رايون(ناھىيە)لۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە نورمالسىزلىق كۆرۈلمىگەنلىك ئىسپاتىنى چىقىرىپ بېرىدۇ ھەم تامغا بېسىپ بېرىدۇ. بۇ ئىسپات پەقەت يېقىنقى يەتتە كۈن ئىچىدىكى، ئەڭ يېقىنقى بىر قېتىملىق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى ئىچىدە ئىشلىتىلىدۇ. نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇسبەت بولغانلارنى رايون(ناھىيە)لۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى دەرھال ئالاقىدار تەرتىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

«يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالاقىدار خادىملارنى تۇرۇشلۇق مەھەللىسى مەخسۇس ئادەم، مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن نۇقتىدىن نۇقتىغا ئاپىرىپ - ئەكېلىپ، ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىدىغان يېشىل يولنىڭ بىخەتەر، تېز، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېدى ليۇ جۈن.